سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

# ئەۋلادمۇئەۋلاد چېگرانى ساقلاش

## ——«خەلق ئۆلگىسى» دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكەن بۇرماقان مولدۇ توغرىسىدا

□ مۇخبىرىمىز خې لىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋاڭ مېي، چۇ ياۋباڭ

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا، چېگرا قوغدىغۇچى بۇرماقان مولدۇنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ھېكايىسىنى ھەممەيلەن بىلىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئۇ «خەلق ئۆلگىسى» دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشتى. گۈلدەك ياش قىزدىن 70 ياشتىن ئاشقان موماي بولغۇچە، بۇرماقان مولدۇ تولۇپ تاشقان ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى بىلەن ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى، ھەتتا پۈتۈن ئۆمرىنى ۋەتەننىڭ چېگراسىنى ساقلاش ئىشلىرىغا بېغىشلىدى.

56 يىلدا، ئۇ ئىككى پۇتى بىلەن ۋەتەننىڭ چېگرا لىنىيەسىنى كېزىپ چىقتى.

56 يىلدا، ئۇ غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رازى بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ۋەتەننى سۆيۈشنى ھاياتىدىكى ئىنتىلىدىغان بىردىنبىر نىشان قىلدى.

«ھازىر مەن ياشىنىپ قالدىم، چېگرانى ساقلىيالمايدىغان، چېگرانى قوغدىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم، بىراق، پەرزەنتلىرىمنىڭ ھەممىسى چېگرا قوغدىغۇچى، مەن ئۇلارنى ئەۋلادمۇئەۋلاد كۈچ ئۇلاپ چېگرانى ساقلاتقۇزىمەن» دېدى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بۇرماقان قەتئىيلىك بىلەن.

### ■ چېگرانى چىڭ ساقلاش

بۇرماقان بۇ يىل 77 ياشتا، بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس، سەل سېمىز بولغاچقا، يول ماڭغاندا ئازراق قىينىلىدۇ، بىراق روھىي ھالىتى بەك ياخشى. 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، مۇخبىر ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ جىغىن يېزىسىدا بۇرماقاننى كۆرگەندە، ئۇ ئۆز ئۆيىدىكى «چېگرا قوغدىغۇچىلار تارىخى تەربىيە سارىيى»نى تازىلاۋاتاتتى.

«مەن ئېغىر رېماتىزم خاراكتېرلىك بوغۇم ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ، يول يۈرۈشۈم قولايسىزلاشتى، ۋەتەن ئۈچۈن چېگرانى ساقلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم.» پېنسىيە تۇرمۇشىنى تىلغا ئالغاندا، بۇرماقاننىڭ چىرايىدىن ئازراق مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى.

بۇرماقاننىڭ چېگراغا رىشتە باغلىشى 1961 ـ يىلدىن باشلاپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا، دادىسىنىڭ چېگرا ساقلاشقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ تەسىرىدە، ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن بۇرماقان چېگرانى ساقلاش مۇھىم ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدىغان، تاغ چوققىسىدا يىل بويى قار ئېرىمەيدىغان دۇڭگۇرمو تاغ ئېغىزىغا قەدەم قويۇپ، بىر شەرەپلىك چېگرا قوغدىغۇچىغا ئايلاندى.

«دادام دائىم مۇقىملىق بولغاندىلا، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئاندىن تىنچ، خاتىرجەم بولىدۇ؛ ئىتتىپاقلىق بولغاندىلا، بىز ئاندىن ھەممىنى يېڭەلەيمىز، دەيتتى» دېدى بۇرماقان.

دادىسىنىڭ تەسىرىدە، بۇرماقان چىدامچانلىق بىلەن دۇڭگۇرمونى ساقلىدى، ئەزەلدىن ئايرىلىپ باقمىدى. كۈندىلىك چېگرا چارلاش يولى ئۈستىدە، ئۇ مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن سانسىزلىغان تاشلارغا «جۇڭگو» دېگەن خەتنى ئويۇپ چىقتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «دۇڭگۇرمو تاغ ئېغىزىدىكى ھەربىر تاشقا ‹جۇڭگو› دېگەن ئىككى خەتنى ئويۇپ چىققۇم بار».

1986 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ بىر ئەتىگىنى، بۇرماقان بىر چېگرا تېشىنىڭ دۆلىتىمىز تەرەپكە 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا سۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ كۆپ ئويلىنىشقا ئۈلگۈرمەيلا، دەرھال ئاتقا مىنىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ دوكلات قىلىپ، زور زىياننىڭ ئالدىنى ۋاقتىدا ئالدى. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇنىڭ چېگرا لىنىيەسىدە قالدۇرغان ئاياغ ئىزى 80 نەچچە مىڭ كىلومېتىرغا يەتكەن بولۇپ، ئېكۋاتور سىزىقنى بويلاپ يەر شارىنى ئىككى ئايلىنىپ چىققانغا باراۋەر.

### ■ كۈچ ئۇلاپ چېگرانى ساقلاش

«ياخشى چېگرا ساقلىغۇچى بولۇش» بۇرماقان باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ئېتىقاد. بۇ قەتئىي ئېتىقادىغا تايىنىپ، ئۇ قانچىلىك جاپا تارتىسمۇ ۋايسىمىدى، قانچىلىك چارچىسىمۇ قاقشىمىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا، گەرچە ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق بولۇپ، دائىم قورسىقى ئاچ قالسىمۇ، ئۇ يەنىلا كۈندە چېگرا ساقلاش يولىدا ماڭدى. بۇرماقاننىڭ تەسىرىدە، ئۇنىڭ بەش پەرزەنتىمۇ چېگرا قوغدىغۇچى بولدى.

بۇرماقان چەكسىز پەخىرلەنگەن ھالدا ئۆزىنىڭ چېگرا قوغدىغۇچى پەرزەنتلىرىنى تونۇشتۇردى ھەم قىزغىنلىق بىلەن مۇخبىرنى ئىككىنچى ئوغلى مەرگەن تويچىبېك تۇرۇۋاتقان ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىسىنى كۆرۈشكە باشلاپ باردى.

ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ جىغىن يېزىسىدىكى بىر چېگرا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىسىدا، مۇخبىر بۇرماقان بىلەن مەرگەنگە ئەگىشىپ، چېگرا چارلاش يولىغا قەدەم قويدى.

«مەن 12 ياشتىن باشلاپلا ئاپامغا ئەگىشىپ چېگرا چارلىدىم، چېگرا قوغدىدىم، ئۇ چاغلاردا ئاپامنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز دائىم چېگرا چارلاشقا، چېگرا قوغداشقا بارىدىغانلىقىنى ئىزچىل چۈشەنمەي كەلگەنىدىم. بىر كۈنى ئاپام چېگرا چارلاپ قايتىپ كەلگەندە كالپۇكلىرى يېرىلىپ كەتكەنىدى، مەن ئۇنىڭدىن نېمىشقا شۇنچە جاپا تارتىپ چېگرا چارلايدىغانلىقىنى سورىدۇم، ئاپام ماڭا مۇنداق دېدى: ‹دادام ماڭا سەن چوقۇم چېگرا ساقلاپ، چېگرا قوغداپ، پارتىيە ئۈچۈن، دۆلەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشۇڭ كېرەك، دەپ تەلىم بەرگەن. مۇشۇ سۆز ئۈچۈن مەن ئاخىرقى تىنىقىم قالغىچىمۇ ۋەتەننىڭ چېگرا لىنىيەسىنى ياخشى ساقلايمەن، دەپ قەسەم قىلغان.›» مەرگەن مۇنداق دېدى: مەن ئاپامنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ۋەتەننىڭ چېگرا لىنىيەسىنى ياخشى ساقلاش، ياخشى قوغداشتا چىڭ تۇرىمەن.

ھازىر، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ چېگرا ساقلاش، چېگرا قوغداش قوشۇنى كۈنسېرى زورىيىۋاتىدۇ، چېگرا قوغدىغۇچىلارنىڭ تولۇقلىمىسىمۇ دەسلەپكى نەچچە ئون يۈەندىن ھازىرقى نەچچە مىڭ يۈەنگە كۆپەيدى، تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. بۇرماقان بۇلارنى كۆرۈپ خۇشال بولغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مەن ئۈچ پەرزەنتىمنى چېگرا ساقلىغان جايدا تۇغدۇم، كېيىن مەن كۆز يۇمغاندىمۇ، بالىچاقىلىرىم چېگرانى داۋاملىق ساقلايدۇ، چېگرانى ئەۋلادمۇئەۋلاد ساقلايمىز! مەن دائىم پەرزەنتلىرىمگە چېگرا لىنىيەسىنى ياخشى ساقلاش توغرىسىدا تەربىيە بېرىمەن، يۇرتداشلىرىمغىمۇ ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشنى ياخشى قەدىرلەپ، چېگرانى ياخشى ساقلاشنى ئېيتىمەن. چېگرا لىنىيەسىنى ياخشى ساقلىغاندىلا، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئاندىن تېخىمۇ بەختلىك بولىدۇ».

### ■ چىن ھېسسىياتى بىلەن ئەسكەرلەرنى سۆيۈش

56 يىللىق چېگرا ساقلاش مۇساپىسىدە، بۇرماقان چىن قەلبى، چىن ھېسسىياتى ۋە چەكسىز ئانىلىق مېھرى بىلەن ئەۋلادمۇئەۋلاد چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ كەلدى، ئۇمۇ نۇرغۇن «ئەسكەر ئوغۇل»لۇق بولۇپ قالدى.

ھازىر كۆچۈپ بارغان ئولتۇراقلاشتۇرۇپ چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش ئۆيى جىغىن يېزىسى چېگرا ساقچىخانىسىغا پەقەت بىر كىلومېتىرلا كېلىدىغان بولغاچقا، بۇرماقان پات ـ پات ساقچىخانىغا بېرىپ «ئەسكەر ئوغۇل»لىرىنى كۆرۈپ كېلىدىكەن.

ئۇلۇغچات ناھىيەسى چېگرا باشقۇرۇش چوڭ ئەترىتى جىغىن يېزىلىق ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى ئامات غاپپار مۇنداق دېدى: «گەرچە بۇرماقان ئانا ھازىر ياشىنىپ قېلىپ، چېگرا ساقلاش بىرىنچى لىنىيەسىگە ئۆزى بارالمىسىمۇ، بىراق ئۇ دائىم بۇ يەرگە كېلىپ بىزگە ئۆزىنىڭ چېگرا ساقلاش ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئۇ ساقچىخانىمىزدىكى خەلق ساقچىلىرىنى خۇددى ئۆز ئوغلىدەك كۆرىدۇ. بىز ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيمىز، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، ئىش ئورنىمىزنى سۆيۈپ، كەسپىمىزنى قەدىرلەپ، ۋەزىپىمىزنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، چېگرانى سۆيۈپ، چېگرانى قوغداپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چوڭ دەرۋازىسىنى ياخشى ساقلايمىز».

تېخىمۇ كۆپ ياشلارغا چېگرا لىنىيەسىدە يۈزبەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، 2010 ـ يىلى بۇرماقان ئۆزىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى مەخسۇس «چېگرا قوغدىغۇچىلار تارىخى تەربىيە سارىيى» قىلىپ ئۆزگەرتتى. سارايدىكى 200 نەچچە پارچە سۈرەت، 12 ماددىي بۇيۇمدا بۇرماقاننىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك چېگرا ساقلاش مۇساپىسى ھەمدە چېگرا قوغدىغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا يۈزبەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش جانلىق، ھەققىي خاتىرىلەنگەن.

ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ جىغىن يېزىسىدىكى چېگرا قوغدىغۇچى مەمەتئەلى ئىسمان مۇنداق دېدى: «بىز بۇرماقان ئانىنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، چېگرا لىنىيەسىنى ياخشى ساقلاش، ياخشى قوغداشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن پارتىيەگە، ۋەتەنگە، خەلققە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمىزنى ئىپادىلەيمىز».

# كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش كەمتەرلىك بىلەن ئىش قىلىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى:

### مەكتەپ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان بوغما ھالەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چۆرىدەپ، ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇپ، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىپ، قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، ئۆگىنىش جەريانىدا «تۆت ئاڭ»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

ئۆگىنىش جەريانىدا، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۆگىنىش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مائارىپ ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئەسلىي مەقسىتىنى چىڭ ساقلاش، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ كۈچەش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى قىلىپ، مەكتەپنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋە ئۇنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان بوغما ھالەت مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلدى. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەكتەپ ساياھەت كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرگە قارىتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، پىكىر ـ تەكلىپلەرنى توپلىدى، مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئاڭلىق ھالدا قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، تۈزىتىش تەپەككۇرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ مەكتەپ باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، «بەشتە تەربىيەلەش ياتىقى» بەرپا قىلىشنى ۋاستە قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەكتەپنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» «ئۈچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئورتاق بەرپا قىلىش شەكلى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈردى.

شىنجاڭ سىفەن ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى:

### ئۆگىنىشنى ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەتتە ئەمەلىيلەشتۈردى

ئوقۇتقۇچىلىق ئەخلاقى، ئوقۇتقۇچىلىق ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە قايسى كونكرېت ئىشلارنى تۇتۇش كېرەك؟ سىفەن تۈرىدىكى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سىستېمىسىدا يەنە قانداق كەمتۈكلۈكلەر مەۋجۇت... 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شىنجاڭ سىفەن ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى (شىنجاڭ مائارىپ شۆيۈەنى)دىكى بارلىق مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە باشقارما دەرىجىلىك كادىرلار مەركەزلىك ئۆگىنىش قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» ئومۇمىي تەلىپىنى چۆرىدەپ، كۆپچىلىك بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن مۇزاكىرە قىلىپ، «ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، قىلىش» ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ سىفەن ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى ناھىيە ـ باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبەرىي كادىرلارنىڭ مەركەزلىك ئۆگىنىش پىلانى ۋە مۇھاكىمە لايىھەسىنى تۈزۈپ، مەركەزلىك يىپىق شەكىلدىكى ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى قوللاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەكتەپلەرگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان «مەۋقەنى سىفەن مائارىپىغا قويۇش، خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىنكى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىش، ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىش ـ مۇلازىمەت قىلىش»تىن ئىبارەت مەكتەپ باشقۇرۇش تەلىپىنى چۆرىدەپ، شىنجاڭ سىفەن ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى باش تېما تەربىيەسىنى مەكتەپنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي دەرس ئىسلاھاتى ۋە سىفەن كەسپىي ئىسلاھاتى، مەكتەپ ـ شۆيۈەن ئىككى دەرىجىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى كەڭ كۆلەمدە مۇزاكىرە قىلىش نەتىجىسى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش جەريانىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى توپلاپ، بارلىق خادىملار ئادەم تەربىيەلەش، پۈتۈن مۇساپىلىك ئادەم تەربىيەلەش، ھەر تەرەپلىمە ئادەم تەربىيەلەش خىزمەت ئەندىزىسىنى تىرىشىپ شەكىللەندۈردى. بۇ يىل، «يېڭى دەۋردىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» «يېڭى دەۋردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي ھەرىكەتتىكى ئون مىزان» قاتارلىقلارغا توغرىلىنىپ، مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىق ئەخلاقى، ئوقۇتقۇچىلىق ئىستىلىنى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدىكى بىرىنچى ئۆلچەم ۋە باش ۋەزىپە قىلىپ، كونكرېت يولغا قويۇش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى:

### نەزەرىيە ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەتنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، بۇرچنى يېتەكلىدى

«باش تېما تەربىيەسىنىڭ نىشان ـ تەلىپىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۆزۈمدە يەنىلا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. ئىدىيەۋى ـ سىياسىي مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭدىن كېيىن چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئەتراپلىق ئىگىلەش، تۇتاشتۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، نەزەرىيە ئارقىلىق ئوقۇتۇش، ئادەم تەربىيەلەشتەك ئەسلىي مەقسەتنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتىم ۋە بۇرچۇمنى كونكرېت ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەيمەن» دېدى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، ماركسىزم شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ يىڭزى.

شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى تەربىيەلەش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مەكتەپنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، مەكتەپنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇن شەكلىدىكى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

بۇ يىل يازلىق تەتىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، مەكتەپ بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ مەركەزلىك تەربىيە ـ ئۆگىنىشنى قانات يايدۇردى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى APPسى، ئالاقە تورى، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىق تاراتقۇلار ئارقىلىق باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ۋە مۇھىم ماقالىلىرىنى ئۆگەندى. 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى خادىم، ۋاقىت، مەزمۇن، ئۈنۈمدىن ئىبارەت «تۆتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» تەلىپى بويىچە، مەركەزلىك ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى قانات يايدۇردى. مەكتەپ ئۆگىنىشكە تەشكىللەش جەريانىدا دىققەتنى ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسىپكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەش، باشقۇرۇش، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، سەنئەت ئىجادىيىتىدە يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە قارىتا، رەھبەرىي كادىرلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باشلامچىلىق بىلەن قانات يايدۇردى.

# باغراش ناھىيەسىنىڭ كەسىپ تاشيولى دېھقانلارنىڭ بېيىش يولىغا ئايلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېرىك پىلان قۇرۇلۇشى بىلەن كەسىپ تەرەققىياتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، «تاشيولنى كەسىپنى چۆرىدەپ ياساش، كەسىپنى تاشيولنى چۆرىدەپ يۈرۈشتۈرۈش» ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، 280 كىلومېتىردىن ئارتۇق يېزا كەسىپ تاشيولىنى ياسىدى.

كەسىپ تاشيولى يول بويىدا ھاراق چىقىرىدىغان ئۈزۈم، پىگمېنتلىق لازا، شوخلا قاتارلىق خاس يېزا ئىگىلىك كەسىپ تېرىقچىلىق رايونىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى، نۆۋەتتە بۇلارنىڭ كۆلىمى 100 مىڭ مودىن ئاشتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلان جېكسېن يېزىسىنىڭ مەرۋايىت گۈرۈچى، بۇمبۇت بازىرىنىڭ ئورگانىك كۆكتاتلىرىنى تايانچ قىلغان بىر تۈركۈم داڭلىق يېزا خاس كەسىپلەر رايونى تەدرىجىي شەكىللەندى.

«كەسىپ تاشيولى راۋانلاشتى، كەنتتە لازا تېرىش كۆلىمى كېڭەيدى، ئون نەچچە يىل ئىلگىرىكى 1000 موغىمۇ يەتمەسلىكتىن بۇ يىل 7600 مودىن ئېشىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولدى» دېدى چاغانئۇر يېزىسى دۇندابۇخ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئۆمەر توختى.

قولايلىق قاتناش ھەم كۆلەملەشكەن تېرىقچىلىق نۇرغۇن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كارخانىلىرىنى باغراش ناھىيەسىگە ماكانلىششقا جەلپ قىلىپ، خاس تېرىقچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. 2018 ـ يىلى دۇڭ جىشەننىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كارخانىسى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، مەھسۇلاتى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى بازارلارغا سېتىلدى، «بۇ يىل بىز يەنە 4 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت بىناسىنى كېڭەيتىپ سالدۇق، يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالدۇق، كۈندىلىك پىششىقلاش ئىقتىدارىمىز بىر ھەسسە ئاشتى».

باغراش يېزىسىنىڭ كۇدەيلىك كەنتىگە جايلاشقان باغراش ناھىيەسى سانائەت رايونىنىڭ يوللىرى تۈز ھەم كەڭرى ئىدى. يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ زاۋۇت رايونىغا راۋان كىرىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، باغراش ناھىيەسى خۇڭخېفېڭ شوخلا مەھسۇلاتلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى شۇ فۇلىن مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى يوللار ياخشى ئەمەس ئىدى، يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ كىرىپ چىقىشى قولايسىز بولغاچقا ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكەنىدى. بۇ يىل ئىشلىك ئالدىدىكى يوللار ياخشىلانغاندىن كېيىن، يۈك ئاپتوموبىللىرى خام ئەشيالارنى توشۇپ بىۋاستە زاۋۇت ئىچىگە ئەكىرەلەيدىغان بولدى. كېلەر يىلى بىز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانلار تېرىغان شوخلىلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىشلىتىشنى پىلانلىدۇق».

«كەسىپ تاشيولى خاس تېرىقچىلىق رايونى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش زاۋۇتى، ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى، سانائەت باغچە رايونى قاتارلىقلارنى تۇتاشتۇرۇپ، باغراش ناھىيەسىنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىكى ۋاستىگە ئايلاندى. بۇنىڭدىن كېيىن باغراش ناھىيەسى كەسىپ تاشيولى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق زورايتىپ، خاس كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ» دېدى باغراش ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى مىڭجىر.

# ماناستا 180 ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاننىڭ چىراغ نۇرى ئويۇنى ئارقىلىق ۋەتەنگە بەخت تىلەندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو خەرىتىسى، تىنچلىق كەپتىرى قاتارلىقلارنىڭ شەكلىنى ھاسىل قىلىپ، ۋەتەنگە چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن بەخت تىلىدى.

«نېمىدېگەن قالتىس!» نەق مەيداندىكى كىشىلەر قىزغىن چاۋاك چالدى، تومەنلىگەن ساياھەتچى خۇشال كەيپىياتتا مەستخۇش بولدى.

«بۇ يەردە چىرايلىق ئۇسسۇل، يېقىملىق ناخشا، مەززىلىك تائاملار بار ئىكەن، تېخىمۇ مۇھىمى، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى بار ئىكەن، سەپىرىمدىن ئىنتايىن رازى بولدۇم. ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانلار ‹يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز› دېگەن خەتلەرنى تىزىپ چىققاندا ئىنتايىن ھاياجانلاندىم، ۋەتىنىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يۈكسىلىشىگە، گۈللەپ ياشنىشىغا تەلەكداشمەن!» دېدى فۇجيەندىن كەلگەن ساياھەتچى ۋۇ يىڭلەن.

ماناس ناھىيەسى ئاھالىسى خوۋ ۋېيشىڭ ئويۇننى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى: «ۋەتىنىمىزنىڭ بارغانسېرى قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ئىپتىخارلاندىم. بىز پۇقرالارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى بېيىۋاتىدۇ، تۇرمۇش سەۋىيەمىزمۇ بارغانسېرى ئۆسۈۋاتىدۇ، بىز پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز!»